# ئاللاھنىڭ يولىدا تۆگىنى بىر قېتىم ساغقۇچىلىك مىقداردا ئۇرۇش قىلغان مۇسۇلمان كىشىگە جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ، كىم ئاللاھنىڭ يولىدا جاراھەتلەنسە ياكى يارىلانسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ جاراھىتى ياكى يارىسىدىن قان ئاققان رەڭگى زەپەر رەڭگىدە، پۇرىقى ئىپاردەك خۇشبۇي ھالىتىدە كېلىدۇ

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنىغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھنىڭ يولىدا تۆگىنى بىر قېتىم ساغقۇچىلىك مىقداردا ئۇرۇش قىلغان مۇسۇلمان كىشىگە جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ، كىم ئاللاھنىڭ يولىدا جاراھەتلەنسە ياكى يارىلانسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ جاراھىتى ياكى يارىسىدىن قان ئاققان ھالەتتە رەڭگى زەپەر رەڭگىدە، پۇرىقى ئىپاردەك خۇشبۇي ھالىتىدە كېلىدۇ

سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىبنى ماجە"سۈنەن ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ترمىزىي"سۈنەن ترمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - نسائىي"سۈنەن نسائىي"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ن]

تۆگىنى ئىككى قېتىم سېغىش ئارىسىدىكى ۋاقىتچىلىك (يەنى تۆگىنى بىر قېتىم سېغىپ، ئاندىن بوتىلاقىنىڭ ئېمىشى ئۈچۈن قىسقا ۋاقىت قويۇپ بەرگەندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم ساققىچە بولغان ۋاقىت) ئازغىنە ۋاقىت بولسىمۇ ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان مۇسۇلمان ئۈچۈن جەننەت ۋاجىب بولىدۇ، بىر كىشى ئاللاھنىڭ يولىدا يارىلانغان بولسا، مەسىلەن: ئېتىدىن چۈشۈپ كېتىپ جاراھەتلەنگەن ياكى قىلىچ ياكى باشقا نەرسىلەر بىلەن ئازراق بولسىمۇ يارىلانغان بولسا، ئۇ قىيامەت كۈنى جاراھىتىدىن قان ئېقىۋاتقان ھالەتتە كېلىدۇ، لېكىن قانىنىڭ رەڭگى زەپەرنىڭ رەڭگىدە بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئەڭ ئېسىل پۇراق بولغان ئىپار پۇرىقى تارايدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4200

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee